## 41739 ـ ئۈزۈن مۇددەت تۆلەيدىغان قەرزى بار كىشى ھەجگە بارسا بولامدۇ؟

### سۇئال

قەرزى بار كىشىگە ھەجنىڭ پەرز بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، بۇ ئۇزۇن مۇددەتتە تۆلەيدىغان قەرزى بار كىشىگىمۇ ئوخشاش بولامدۇ؟، بەزى كىشىلەر ئۆي-مۈلۈك بانكىسىغا قەرزدار بولۇپ بۇنى ھاياتى بويىۇنچە ئۆتەيدۇ، بۇنداق كىشىگە ھەج پەرز بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر قەرز دەرھال ئۆتەيدىغان قەرز بولسا، بۇ قەرز ھەج پەرز بولۇشتىن بۇرۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەج قىلىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ. يەنى قەرزنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئىقتىسادى ئېشىپ قالسا ئاندىن ھەج قىلىدۇ. ئەگەر قەرزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەج قىلغۇدەك ئىقتىسادى بولمىسا، ئاللاھ ھەج قىلغۇدەك ئىقتىساد ئاتا قىلغۇچە كۈتىدۇ، ئەگەر قەرز قەرەللىك مۇددەت بويىۇنچە ئادا قىلىنىدىغان قەرز بولسا، ئىنسان قەرەل توشقاندا قەرزنى ئادا قىلىشقا ئىشەنچ قىلالىسا، بۇ شەكىلدىكى قەرز ئىنساننى ھەج قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ، بۇنىڭدا قەرز ئىگىسى رۇخسەت قىلسۇن ياكى رۇخسەت قىلمىسۇن ئوخشاش، ئەگەر قەرەل توشقاندا قەرزنى ئادا قىلىشقا ئىشەنچ قىلالمىسا، قەرزنى ئادا قىلىپ بولغىچە كۈتۈپ ئاندىن ھەج قىلىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق دەيمىز: ئۆي-مۈلۈك بانكىسىغا قەرزى بار كىشى قەرەل توشقاندا قەرزنى ئادا قىلىشقا ئىشەنچ قىلالىسا، گەرچە ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسىمۇ ئىمكانىيىتى بولسا ئۇ كىشىگە ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ"]  ."ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى- 21 "توم- 96 بەت[.

36852 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.